# دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدىكى پەن - تېخنىكا نۇرى

**سېھىرلىك دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى . گۈزەل شىنجاڭ**

□مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلېي**

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەردە، تاڭ نۇرى يىراق تاغلاردىن ھالقىپ پۈتكۈل بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى باغچە رايونىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. سانسىزلىغان ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى. ئەمەلىيەتتە، قۇياش نۇرى بىلەن بىرلىكتە باغچە رايونىنى يورۇتقانلىرىدىن يەنە پارلاق پەن - تېخنىكا نۇرىمۇ بار ئىدى. بۇ، يەر شارىدىكى قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈكلەر توپلانغان باغۋەنچىلىك كاتتا مۇراسىمى، شۇنداقلا بىر مەيدان يېڭىلىق يارىتىش پەن - تېخنىكىسىدىكى كاتتا مەركە بولدى.

## ■نەپەسلىنەلەيدىغان مەيدان - ساراي

كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگو سارىيى چوقۇم بېرىشقا تېگىشلىك جاي ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ غايەت زور «رۇيى» شەكلىدىكى ئىمارەتنى ئېچىدىن چىققۇسى كەلمەيتتى، ئەمما ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۆزلىرىنىڭ «نەپەسلىنەلەيدىغان» بىر ئىمارەت ئىچىدە مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

«ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش» ئىدىيەسىدە بىناكارلىق ئۇستىلىرى ئەجدادلارنىڭ «چاڭگىدا ياشاش» «ئۆڭكۈردە ياشاش»تەك قەدىمىي ئەقىل - پاراستىگە تەقلىد قىلىپ، جۇڭگو سارىيىنى ھاياتلىققا ئىگە يېشىل مەيدان - سارايغا ئايلاندۇردى.

جۇڭگو سارىيىنىڭ كۆپ قىسمى پەلەمپەيسىمان ئېتىز ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پەلەمپەيسىمان ئېتىزلارنىڭ توپا بىلەن قاپلانغان چوڭ تېپتىكى ئىمارەت قۇرۇلمىسىنىڭ نەملىك ساقلاش، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىك خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىلىپ، ئىمارەتنىڭ ئىسسىتىش ۋە تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەنلىتىلدى. ئۆگزىگە يامغۇر سۈيىنى يىغىش سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەيدان سۇ ئۆتكۈزۈشچان قىلىپ ياسىلىپ، يەر ئاستىغا يامغۇر سۈيىنى تەقسىملەش كۆلچىكى ياسىلىپ، يامغۇر سۈيى يىغىۋېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن پەلەمپەيسىمان ئېتىزنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مىكرو ئايلىنىش شەكىللەندۈرۈلگەن. مەيدان - سارايدا يەر ئاستى يولى شامال قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ، ساپ ھاۋانىڭ يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىلگەن.

جۇڭگو سارىيى بىلەن يىراقتىن قارىشىپ تۇرىدىغان خەلقئارا سارىيى غايەت زور پولات قۇرۇلمىلىق 94 «گۈللۈك كۈنلۈك» شەكلىدە بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. «گۈللۈك كۈنلۈك»نىڭ ئارىلىقلىرىدىن شامال ئازادە ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۆي يۈزىگە قۇياش نۇرى چۈشۈپ تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە، «گۈللۈك كۈنلۈك» ئاستىدىكى ھاۋا ئىسسىقلىق كونۋېكسىيەسىنىڭ ئۈنۈمىدە تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتلىنىدۇ، بۇ كۈنلۈك ئاستىدا تەبىئىي شامال ئۆتۈشتۈرۈش ۋە تېمپېراتۇرىنى كونترول قىلىشقا ئىنتايىن پايدىلىق. ئەمما چوڭ دائىرىدە ئېچىلغان «گۈل بەرگلىرى» بولسا قۇياش رادىياتسىيەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدۇ؛ نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك مېتاللار ئىشلىتىلگەن «كۈنلۈك يۈزى» كۆپ مىقداردىكى ئارتۇق فوتو ئىسسىقلىقنى ئارقىغا قايتۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ئىمارەتنىڭ ئېنېرگىيە تېجەشكە پايدىلىق.



بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى خەلقئارا سارىيىدا 94 كۆركەم «گۈللۈك كۈنلۈك» زىچ جۇغلاشقان بولۇپ، بىر چوڭ گۈللۈكنى شەكىللەندۈرگەن. سۈرەتتە: چىراغ نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ مەنزىرىنى نامايان قىلغان «گۈللۈك كۈنلۈك».

□مۇخبىرىمىز **سۇڭ جۈن** فوتوسى

«ھەربىر ‹گۈللۈك كۈنلۈك›كە پەن - تېخنىكا ئاملى يۇغۇرۇلغان.» بۇ سارايىنى لايىھەلەشكە قاتناشقان بېيجىڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى چەكلىك شىركىتى خۇ يۆ ئىشخانىسىنىڭ بىناكارلىق ئۇستىسى يوۋ ياپىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: خەلقئارا سارايىدىكى ھەربىر «گۈللۈك كۈنلۈك»نىڭ ئۆگزىسىگە قار ئېرىتىش كابېلى ئورنىتىلدى ھەم «گۈللۈك كۈنلۈك»نىڭ تۈۋرۈكى ئىچىگە يامغۇر سۈيى ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. قىسمەن «گۈللۈك كۈنلۈك»لەرنىڭ ئۈستىگە يەنە فوتو ۋولت پەردىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، خەلقئارا سارايىنى فوتو ۋولت ئارقىلىق توك تارقىتىش، كېچىدە يورۇتۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان.

## ■ئەقىل - پاراسەتكە تولغان ئۆسۈملۈكلەر

دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ باغچە رايونىدا ئۆسۈملۈكلەر مۇتلەق باش رولچى. بىراق يەنچىڭ رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شامال كۆپ چىقىدۇ. ئۆي سىرتىدا ئىمكانقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ھەرقايسى رايونلارنىڭ داڭلىق گۈل - گىياھلىرىنى بىر يەرگە يىغىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە، باغچە رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى يۇڭنىڭگېدىن پەسكە قارىغىنىڭىزدا، كۆز ئالدىڭىزدا گويا بىر ئۆسۈملۈك «دېڭىز»ى نامايان بولىدۇ.

«بىز 2016 - يىلىلا ‹گۈل ئىزدەش سەپىرى›نى باشلىغاندۇق.» بېيجىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى باغ - ئورمان كۆكەرتىش گۇرۇھى گۈل - گىياھ شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى يۈ شۆبىن مۇنداق دېدى: يەنچىڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان گۈل - گىياھلارنى تېپىشتا، شۇ جاينىڭ كىلىماتى، تۇپرىقى، مۇھىتىنى جايىدا تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىپلا قالماي، يەنە مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن تۈردىكى گۈل - گىياھنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئۆسۈش دەۋرىيلىكىنى، ھەتتا گېن ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش كېرەك.

2016 - يىلدىن باشلاپ، بېيجىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى باغ - ئورمان كۆكەرتىش گۇرۇھىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسى لى لىفاڭ ئۆمەك باشلاپ، گۈل - گىياھلارنىڭ يەنچىڭنىڭ ئەتىياز، ياز، كۈزدىن ئىبارەت ئۈچ پەسىلنىڭ كىلىماتىغا ماسلىشىشى، پۈتۈن يىلدىكى ئېچىلىش ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ باھالاپ، ئەڭ ئاخىرىدا كىرگۈزۈلگەن 1344 گۈل - گىياھ سورتىدىن 1078نى تاللىدى. «يېڭى گۈنېيە خېنە گۈلىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى ئادەتتە 6 - ئايدا بولۇپ، يېقىلغۇلۇق ئىسسىق شامال چىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىش، قوش قەۋەتلىك سولياۋ يوپۇق يېپىش قاتارلىق ئىسسىتىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئۇنى بالدۇر ئېچىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ مېيخۇا گۈلى كۆپرەك باش ئەتىيازدا ئېچىلىدۇ، گۈل بىخىنى سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتىغا كىرگۈزۈش، تېمپېراتۇرىنى تىزگىنلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق گۈل بەرگىلىرىنى كېيىنرەك تۆكۈلدۈرگىلى بولىدۇ.» لى لىفاڭ مۇنداق دېدى: «چېچەكلەش مەزگىلىنى دەل جايىدا تىزگىنلەش ئارقىلىق 40 نەچچە خىل سوغۇققا چىداملىق گۈلنىڭ بالدۇر ئېچىلىپ كېيىن تۆكۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ گۈزەل قىياپىتىنى نامايان قىلدۇق».

ئۆي سىرتى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ، ئۆي ئىچىدە گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلغانىدى. ئۆسۈملۈك سارىيىدا، ئۆسۈملۈك يىلتىز سىستېمىسىغا سىمۇل قىلىنغان قوڭۇر رەڭلىك پولات تۈۋرۈكلار چاسا شەكىللىك ئىمارەتلەرنى تولۇق ئورىغان بولۇپ، ئەسلىدە يەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارغا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇ سارايىنىڭ كۆرگەزمە باش تېمىسى «ئۆسۈملۈك، ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەت». كىشىلەر بىر بۆلەك ھەرىكەتلىنىۋاتقان نۇر پەردىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرھال ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئىسسىق بەلباغ ئۆسۈملۈكلىرى تەرىپىدىن ئورىۋېلىنىدۇ.

بۇ جايدا، مانگرووۋا ئورمىنى ئۆسۈمسىز ساھىلغا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەنە تاشقىن ئارىلىق بەلبېغى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۆسۈملۈك ئۆسۈش شارائىتى بىلەن تەمىنلەنگەنىدى؛ كىچىك مېۋىلىك ئەنجۈر دەرىخى سۆكۈت ئىچىدە «ئۇجۇقتۇرۇش» جېڭى ئويۇنىنى ئويناپ، ئۆزىگە تېخىمۇ يېتەرلىك بولغان ھاياتلىق بوشلۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى؛ مىليون يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنكى كۈنگىچە كۆپەيگەن سىياتېيە پاپوروتنىكى كىشىلەرگە دىنازاۋۇر دەۋرىدىكى يەر شارىدىكى پاپوروتنىك تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باراقسان ئۆسۈشىنى نامايان قىلغانىدى... مىڭلىغان ئەتىۋارلىق ۋە ئاز ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئەپچىللىك بىلەن سارايغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان تەرەپلىرى نامايان قىلىنغانىدى. «بىز يېپيېڭى نەزەرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى ئاجايىپ ئۆسۈملۈك ئەقىل - پاراستى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جەلپ قىلىپ، كىشىلەرنى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى ۋە يەر شارى ئېكولوگىيەسىدىن قانداق قىلىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا چاقىردۇق» دېدى ئۆسۈملۈكلەر سارىيىنىڭ باش بىناكارلىق ئۇستىسى ۋاڭ خۇي.

## ■ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا پەن - تېخنىكىنى ھېس قىلىش

ھەر كۈنى سائەت 19لاردا، ساياھەتچىلەر باغچە رايونىنىڭ 5 - نومۇرلۇق دەرۋازىسى ئەتراپىغا توپلىشىپ، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بىر پارچە باغدا «مۆجىزە»نىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتىدۇ. قىسقىغىنا ئون كۈن ئەتراپىدا، AR، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، مەۋھۇم كۆرۈش سېزىمى، ئادەم - ئاپپارات ھەمتۈرتكە بولۇش قاتارلىق تېخنىكىلار جەملەنگەن بۇ «ئاجايىپ ۋە ئۆزگىرىشچان نۇر ئورمىنى» دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدىكى «جەزمەن بارىدىغان» مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندى.

ئەمەلىي قوللىنىشچان بىر پىروگراممىنى چۈشۈرسىلا، ساياھەتچىلەر نۇر ئۆزگىرىشى ئىچىدە «شەنخەيجىڭ»دىكى قەدىمكى ئىلاھىي ھايۋانلار بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشالايدۇ. ئىلاھىي ھايۋانلار تىرىلىدۇ، تاغ - دەريالارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئادەم بىلەن ئاپپاراتنىڭ ھەمتۈرتكىلىك تېخنىكىسى، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق كىشىلەر بۇ يەردە ئۆز قوۋۋىتىنىڭ ئېقىمىنى ھېس قىلالايدۇ، ساياھەتچىلەر كۆپەيگەنسېرى ئورماندىكى چىراغ نۇرى تېخىمۇ يورۇپ، تېخىمۇ رەڭگارەڭ تۈسكە كىرىدۇ. قىزلار تون پەردىسى ئىچىدە پەرىزاتقا ئۆزگىرىپ، گۈل بەرگىلىرىنى چاچالايدۇ؛ يىگىتلەر ئۆزەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان «جاھان ئەيىنىكى»نى تاقاپ چېڭخۇاڭ، جىنۇ قاتارلىق ئىلاھىي ھايۋانلارنى چاقىرالايدۇ. كىشىلەر باغچىدا «شېنشى»نى يېتەرلىك تەرگەندە، ئەڭ داڭلىق «جۇلۇڭ» نەرە تارتىپ ئۇچۇپ كېلىدۇ.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بەيساۋيۇەندە ساياھەتچى خې شياۋيا يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، خېلى ئۇزاققىچە كۆزەتتى. «كۆك ئەمەن دېگەن مۇشۇكەندە!» خې شياۋيا تۇرغان جاي نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پىروفېسسور تۇ يوۋيوۋنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «يوۋيوۋ ئەمەنزارلىقى» ئىدى. باغچە رايونى ئىچىدە يان تېلېفون بىلەن ئۆسۈملۈك غولىدىكى ئىككىلىك كودنى سكانېرلىسىلا، ئۆسۈملۈكنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرى شۇ ھامان «ئېكران»دا كۆرۈنىدۇ. خې شياۋيا كۆك ئەمەننىڭ ئىقتىدارىنى ئوقۇۋاتقاندا، پايتەخت تېببىي داشۆسى تەبىئىي دورىگەرلىك ئىلمى دوكتور يېتەكچىسى، پىروفېسسور ۋاڭ مەنيۈەن كۆپچىلىككە كۆك ئەمەننى تەتقىق قىلىش، ئېچىش جەريانىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

تۈرلۈك ماشىنا ئادەملەر باغچە رايونىدا يەنە بىر يارقىن مەنزىرە شەكىللەندۈرگەنىدى. ئادەمسىز سېتىش ماشىنىسى ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، شوپۇرسىز توكسىكلىتلار ساياھەتچىلەرنى بارماقچى بولغان ھەربىر جايغا توختىماي يەتكۈزۈپ تۇراتتى؛ ئوماق ماشىنا ئادەم «شياۋبىن» ھەرقايسى كۆرگەزمە سارايلىرى ئارىسىدا قاتراپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھەربىر سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىۋاتاتتى؛ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى يۇمشاق دېتال تەتقىقات ئورنىدىكى بىرقانچە تەتقىقاتچىنىڭ قان - تەر مۇجەسسەملەنگەن ئاقىل مېڭە (Smart-Core) چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ياردىمىدە، 24 سائەت توختىماي بەش مەركىزىي ساراي ھەمدە ھەرقايسى باغچە رايونىدىكى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ساياھەتچىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، كۆرگەزمىنى كاپالەتلەندۈرۈش، باغچە رايونىنى باشقۇرۇش بويىچە ئەقلىي تەھلىل قىلىش ۋە سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتى تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

باغچە رايونىنى سەيلە قىلغاندا، 5G تېخنىكىسى كىشىلەرنىڭ يېشىنى ئاپتوماتىك ھېسابلاپ بېرىدۇ؛ ئۆسۈملۈك زاۋۇتىدا تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر بىمالال ئۆسىدۇ؛ نەرسە تورى تېخنىكىسى باغچە رايونىدىكى قۇدۇق ئېغىزلىرى بوشاپ قالسا سىگنال بېرىدۇ، ئەخلەت ساندۇقلىرى توشسا تازىلىقچىلارنى ئۆزى چاقىرىدۇ، يول چىراغلىرى نۇرنى ئاپتوماتىك تەڭشەيدۇ... يەر شارىنىڭ نەزەرى چۈشكەن بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى بىر مەيدان ئۆسۈملۈك كاتتا مەرىكىسى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ بىر قىممەتلىك پەن - تېخنىكا شادلىقى.

# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا يەنىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق قوزغىتىش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش ۋە كەسىپلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سودا - تىجارەت مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، شەرقىي قىسىم دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ يۆتكىدىن گۈللەنگەن كەسىپلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى قوبۇل قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيەمىز ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە تەربىيەلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاش كېرەك؛ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ئىستىلنى ياخشىلاش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان ئاساسىي مەقسەت نۇتقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش گۈزەل ھېسسىياتىنى قوزغىتىش كېرەك. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، گۈزەللىكلەردىن ھۇزۇرلىنىپ، گۈزەللىكلەردىن ئورتاقلىشىش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش - تەيىنلەش خىزمىتى نىزامى›نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «نىزام»نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى توغرا ئىگىلەپ، پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئۆلچەمنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، توغرا، ئىلمىي ئادەم تاللاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم تاللاش نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش - تەيىنلەش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئىلمىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كەسىپلەشكەن كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش كېرەك. «نىزام»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىدىغان ياخشى كەيپىيات بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن يىغىنغا قاتناشتى.